# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇغا «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىش توغرىسىدىكى قارارى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

2017 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 2018 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە، بەيسې شەھىرى تيەنياڭ ناھىيەسى نامەن بازارلىق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتىلگەن؛ 2018 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلاپ بەيسې شەھىرى لېيې ناھىيەسى شىنخۇا بازىرى بەينى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى بولغان. 2019 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇ ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىشتا تيەنياڭ ناھىيەسىگە قايتىپ ئېغىر كېسەل بولۇپ ئوپېراتسىيە قىلىنغىنىغا ئۇزاق بولمىغان دادىسىنى يوقلىغاندىن كېيىن، يېغىۋاتقان قارا يامغۇردا ئۆزى تۇرۇۋاتقان كەنتتىكى ئاممىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرەپ، كېچىلەپ ئاپتوموبىل ھەيدەپ خىزمەت ئورنىغا قايتقان، يولدا تاغ كەلكۈنىگە ئۇچراپ بەختكە قارشى ۋاپات بولغان، شۇ يىلى ئۇ ئاران 30 ياشتا ئىدى.

يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ تەربىيەسى، يېتەكچىلىكىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇنەۋۋەر ياشلارنىڭ ۋەكىلى، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»تىكى ئىلغار تىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە قان ـ تەر تۆكۈپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تۆھپە قوشۇۋاتقان ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئىخچام تەسۋىرى. ئۇ ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئاكتىپ ئالغا ئىنتىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆزلىرى ۋە پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەن، نامرات كەنتتە بېرىپ 1 ـ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندىن كېيىن، ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان كەنتتىكى ئاممىغا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېزا خىزمىتى ۋە يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنىڭ چەت تاغلىق رايوندا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولغان. ئۇ باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەنىڭ ئىشلىرىنى كۆڭلىدە ئەڭ ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان، مەكتەپ پۈتتۈرگەندە چوڭ شەھەردە خىزمەت قىلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئىككىلەنمەستىن يۇرتىغا قايتىپ كونا ئىنقىلابىي رايون بەيسېدا خىزمەت قىلغان ھەم شارائىتى جاپالىق چەت تاغلىق رايونغا بېرىپ، كەنتتە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىشقا تىزىملاتقان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن ئاتلىنىپ، ئۇن ـ تىنسىز ئۆزىنى بېغىشلاپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەقىقىسىگىچە كۈرەش قىلغان. ئۇ نامراتلارنى يۆلەش يولىنى «قەلبىمدىكى يېڭى ئۇزۇن سەپەر» دەپ بىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەتكە ئاتلىنىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك زىيارەت قىلىپ، «خەلق ئەھۋالى خاتىرىسى»نى سىزىپ، ئەگرى ـ توقاي تاغ يولىدا ئېرىنمەي مېڭىپ، تۈر ھەل قىلىپ، مەبلەغ تېپىپ، مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، نامرات ئائىلىلەرنى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇشقا تەشكىللەپ، ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت پونكىتى قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلماي بېسىلىپ قېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن كەنتنىڭ ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولغان. ئۇ ئاممىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، سەممىي، ئاددىي ـ ساددا بولۇپ، كەمتەرلىك بىلەن پېشقەدەم كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىدىن ئاممىۋى خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆگەنگەن، ئىگە ـ چاقىسىز ياشانغانلار ۋە ئۆيدە قالغان بالىلارغا غەمخورلۇق قىلغان، ئۆزىنىڭ قانۇنشۇناسلىق كەسپىنى ئۆگەنگەن ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرى ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنى پائال تۈگىتىپ، ئاممىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ خاراكتېرى قەيسەر بولۇپ، ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈپ ئۆزىگە تايانغان، ئۆز مەنپەئىتىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلىگەن، گەرچە ئاتا ـ ئانىسى ئۇزاق مۇددەت كېسەل بولۇپ، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق بولسىمۇ، ئەمما ئەزەلدىن تەشكىلگە ھېچقانداق تەلەپ قويۇپ باقمىغان، باشتىن ـ ئاخىر ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش پوزىتسىيەسىدە بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەت قىلىپ، ۋاپادار بولۇپ، باشقىلارغا قىزغىن ياردەم بېرىپ، ئېسىل ئىنسانىي پەزىلىتى بىلەن ئەتراپىدىكى ھەربىر ئادەمنى تەسىرلەندۈرگەن ۋە ئۇلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزگەن. يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇ ياشلىق باھارى ۋە غەيرەت ـ شىجائىتىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى شەرھلەپ، قىسقا ھەم شانلىق ھاياتى بىلەن يېڭى دەۋر كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆزىنى بېغىشلاش مارشىنى پۈتۈپ چىققان.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مۇنداق چاقىرىق قىلدى: كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ۋە ياش يولداشلار يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇدىن ئۆگىنىشى كېرەك. يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇغا ئوخشاش پارتىيەگە سادىق بولۇپ، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىلىرى ۋە سادىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرىدىن بولۇپ، ئاڭلىق ھالدا كىشىلىك تۇرمۇش ئىستىكىنى پارتىيە ئىشلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، دەۋر بىلەن تەڭ قەدەمدە مېڭىپ، خەلق بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، ئاكتىپلىق بىلەن پارتىيە ۋە خەلق ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان جاي ۋە خىزمەتلەرگە ئاتلىنىشى كېرەك. يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇغا ئوخشاش ئاممىنى قەلبىگە پۈكۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باتۇرلۇق بىلەن شارائىتى جاپالىق ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىپ تەر تۆكۈپ، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاپ، جان ـ دىلى بىلەن خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ، ئاممىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلىشى كېرەك. يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇغا ئوخشاش ئەستايىدىل بولۇپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، سۇ ئىچكەندە مەنبەنى ئەسلەيدىغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى قەلبىدە ساقلاپ، جاسارەت بىلەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەش ئىرادىسى بىلەن، شىددەتلىك ئېقىندا مەزمۇت تۇرۇپ، جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، قايناق ھېسسىياتى ۋە تەرى بىلەن يارقىن ياشلىق باھارىنى پۈتۈشى، شانلىق نەتىجە يارىتىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى يولداش خۇاڭ ۋېنشيۇنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىدىن ئۆگىنىشنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشنى كەڭ قانات يايدۇرۇشى كېرەك. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار ۋە ياش يولداشلارنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىلغار شەخسلەرنى ئۈلگە قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن تارىخىي ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، باتۇرلۇق بىلەن دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭىدىغان كۈرەش قىلغۇچىلار، يول ئاچقۇچىلار، ئۆزىنى بېغىشلىغۇچىلاردىن بولۇپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەر يولىدا يېڭى سەھىپە پۈتۈشكە، يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلىشى كېرەك.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# دەۋر بىلەن تەڭ قەدەمدە ماڭىمىز نادىر ئەسەرلەرنى خەلققە تەقدىم قىلىمىز

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاممىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى چۆرىدەپ، مەدەنىيەت ـ ساياھەت خىزمىتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، «ماي بوياق رەسىمدەك تارباغاتاي، مەدەنىيەت پاك تۇپرىقى، كۈتۈنىدىغان گۈزەل جاي»نى بەرپا قىلىمىز.

شىنجاڭ رەسساملار يۇرتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ لىيجېن مۇنداق دېدى: «بىز زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئۇلۇغ ئىجادىيىتىدىن ئىجادىيەت باش تېمىسىنى بايقاپ، يېڭىلىق يارىتىشتىكى ئىلھامنى تۇتۇپ، دەۋرىمىزدىكى تارىخىي غايەت زور ئۆزگىرىشنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەۋرنى خاتىرىلىمىز، ۋەتەننى مەدھىيەلەيمىز، خەلقنى مەدھىيەلەيمىز».

## ■ خەلققە مۇلازىمەت قىلىش سەۋىيەرىمىزنى ئۆستۈرىمىز

خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتا، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش زۆرۈر. «بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئاددىي ئىشلار ئارقىلىق چوڭقۇر مەنىنى ئىپادىلەش، تەربىيەنى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە سىڭدۈرۈش، مەدەنىيەت ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، پارتىيەنى مەدھىيەلەيدىغان، ۋەتەننى مەدھىيەلەيدىغان، خەلقنى مەدھىيەلەيدىغان، قەھرىمانلارنى مەدھىيەلەيدىغان نادىر ئەسەرلەرنى ئۈزلۈكسىز چىقىرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ھازىرقى گۈزەل تۇرمۇشنى قەدىرلەشكە يېتەكلەيمىز» دېدى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، تارىم ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى مەتىمىن سادىق.

مەكىت ناھىيەسىنىڭ بازار جەمى بازىرى چامغۇرلۇق باشلانغۇچ مەكتىپىدە 30 نەچچە بالا خەتتاتلىقنى ئۆگىنىۋاتىدۇ، بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ يىل ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىراتىنىڭ باش مۇھەررىرى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دىلمۇرات تەلئەتنىڭ «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمىتىگە قاتناشقان ئۈچىنچى يىلى. ئۇ مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزى مېنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى، مەن تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىمەن».

«نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، رايونلار مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، مۇزېي قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى بىلەن تولۇق قاپلىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى، 1183 يېزا، بازار، مەيدان ئاساسىي قاتلام ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت مۇلازىمەت مەركىزى بىلەن تولۇق قاپلىنىشنى ئىشقا ئاشۇردى.» ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى ئاممىۋى مۇلازىمەت باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ۋاڭ شۇشېڭ مۇنداق دېدى: «كېيىنكى قەدەمدە، بىز زامانىۋى ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ھەر مىللەت خەلققە مەدەنىيەتنىڭ روناق تاپقانلىقى ۋە گۈللەنگەنلىكىدىن ۋەتەننىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى تېخىمۇ ھېس قىلدۇرىمىز».

**(مۇخبىرلىرىمىز شۇ بو، رېن جياڭ، ياۋ گاڭ، دۇڭ لياڭ، لى لى، جيا چۈنشيا يازغان)**

# ئىتتىپاقلىق گۈللىرى ئورتاق سۇغىرىلدى باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى مۇجەسسەملەندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار مول، رەڭگارەڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقات تەربىيەسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيەتلىرىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ئاساس خاراكتېرلىك خىزمەت قىلىپ چىڭ تۇتۇش، ياخشى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، دائىملاشتۇرۇش، ئۇزاق ئۈنۈملۈكلەشتۈرۈشكە ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى.

10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كەچتە، پەيزاۋات ناھىيەسى شاپتۇل بازىرىنىڭ جايىپرىق كەنتىدىكى 400 نەچچە كەنت ئاھالىسى بىلەن «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار خۇشال ـ خۇرام بىر يەرگە جەم بولۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى ھەم «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ئۆتكۈزدى، پائالىيەت ئىككى يېرىم سائەت داۋاملاشقان بولسىمۇ، كۆپچىلىكنىڭ يەنىلا قايتقۇسى كەلمىدى.

«ھازىر كەنتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كەيپىياتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى.» ئاپتونوم رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسىدىن پەيزاۋات ناھىيەسى شاپتۇل بازىرىنىڭ جايىپرىق كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى بەختىگۈل ھېساماددىن مۇنداق دېدى: باش تېما تەربىيەسى جەريانىدىكى ئۆگىنىش ئارقىلىق، كۆپچىلىك ئاساسىي قاتلامدىكى كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلارنىڭ يېزا ـ كەنت، مەھەللىلەرگە بېرىپ، ئاممىنىڭ پىكرىگە قۇلاق سېلىپ، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلارغا ياردەم بېرىپ، قىيىنچىلىقى بارلارنى يۆلەپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەنلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى سەھەردە تاڭ ئەمدىلا يورۇشى بىلەن، شىنجاڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە داشۆسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار يېڭىسار ناھىيەسى ماڭشىن بازىرىنىڭ قاراباش لەڭگەر كەنتىدىكى مور ئۆستۈرۈش دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا كېلىپ، كەنت ئاھالىلىرىگە ياردەملىشىپ زەمبۇرۇغ خالتىلىرىنى رەتلەپ، ئارىلاش زەمبۇرۇغلارنى تازىلىشىپ بەردى، كۆپچىلىك بىللە ئەمگەك قىلىپ بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

شىنجاڭ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە داشۆسى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى قاتارلىقلارغا تايىنىپ، باش تېما تەربىيەسىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقات تەربىيەسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. يېقىنقى مەزگىلدە، بۇ مەكتەپ ئۈچ تۈركۈمدە 36 تۇغقانلاشقان كادىرنى كەنتتىكە بېرىشقا تەشكىللەپ، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن مول، رەڭگارەڭ بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن تاماقتا، يېتىپ ـ قوپۇشتا، ئەمگەكتە، ئۆگىنىشتە بىللە بولۇپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاممىنىڭ جىددىي ئىش ۋە قىيىن ئىشلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت ئاما بىلەن بولغان دوستلۇق مېھرىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى.

## ■ جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەندى

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر باش تېما تەربىيەسىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى مەكتەپنىڭ «ئۆگىنىش كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، شىنجاڭ سىفەن داشۆسىدىكى مەكتەپ پارتكوم، مەمۇرىيەت رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن بولۇپ 824 كىشى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۆزلىرى ئالاقىلەشكەن سىنىپلاردا ئېچىلغان «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىش» باش تېما تەربىيەسى سىنىپ يىغىنىغا قاتناشتى. سىنىپ يىغىنىدا بىر ئالاقىلەشكەن ئوقۇتقۇچى مۇنداق دېدى: «مەن بىر مائارىپ خىزمەتچىسى، مەن ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، پارتىيەنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەيمەن، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەيمەن؛ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك يېقىن ئۆتىدىغان، ئۆزئارا ھەمدەم بولىدىغان قىلىپ، دۆلەت ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياشلىق باھارىم ۋە كۈچۈمنى تەقدىم قىلىمەن».

شىنجاڭ سىفەن داشۆسى باش تېما تەربىيەسىدە، مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ «چوڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە» ۋەزىيىتى بەرپا قىلىپ، بارلىق خادىملارنى پۈتۈن جەريانلىق، ھەر تەرەپلىمە تەربىيەلەشنى ئالغا سىلجىتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى مەكتەپ تەربىيەسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دېگەن ئىدىيەنى ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتقۇزدى.

ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى چىڭ ئىگىلەپ، ئىلى سىفەن داشۆسى پارتكومى 2019 ـ يىللىق «دۆلەت بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش، جۇڭچيۇنى تەبرىكلەش» مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى ۋە «قاينام ـ تاشقىنلىق 70 يىل، كۆتۈرەڭگۈ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان يېڭى دەۋر» جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار قىزىل ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار خۇشاللىققا چۆمۈپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىشىغا ئورتاق تىلەكداشلىق بىلدۈردى. ئىلى سىفەن داشۆسى يەنە «ئۆگىنىش كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» پائالىيىتى سۈپىتى ئارقىلىق، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسسىياتىنى يۇغۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار قىسمەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق ياردەم پۇلى ۋە قۇياش نۇرى ئوقۇش ياردەم فوندى ئىلتىماس قىلىشىغا ياردەم بەردى.

ئالتاي شەھىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇشنى باش تېما تەربىيەسىدىكى «زۆرۈر دەرسلىك» قىلىپ، تۈركۈمگە، قېتىمغا بۆلۈپ ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنى «قورجا» مەدەنىيەت چوڭ ھويلىسىغا بېرىپ كۆزدىن كەچۈرۈش، ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. كۆپچىلىك چۈشەندۈرگۈچىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، ھەربىر پارچە سۈرەت، ھەربىر پارچە خاتىرە، ھەربىر كونا بۇيۇم ئالدىدا قەدەمنى توختىتىپ، ئالتاي شەھىرىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتۈش ھېكايىسىنى تەپسىلىي ھېس قىلدى، تەسىرات ئالدى.

ئالتاي شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى پارتىيەگە كىرىش ئاكتىپى ئايشۋاق تۇرسۇن مۇنداق دېدى: پېشقەدەم بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ بىر نەچچە ئىتتىپاقلىشىپ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھى كىشىنى قايىل قىلىدۇ، بىزمۇ ئېسىل ئەنئەنىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەتراپىمىزدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈلگىلىرىدىن ئۆگىنىپ، بىللە ئولتۇراقلىشىش، بىللە ئۆگىنىش، بىللە ئىشلەش، بىللە كۆڭۈل ئېچىش داۋامىدا ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بىر قاتار جانلىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسى يەنىمۇ چىڭىدى. باش تېما تەربىيەسىدە، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: ھەر مىللەت ئاممىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئەسلىي مەقسىتىنى چىڭ ساقلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت بۇ «جان تومۇر»نى قەتئىي ياخشى قوغداپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچىنى مۇجەسسەملەيمىز.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاۋ جيۈن، شيا چىڭ، جاۋ شيا، گېزىتىمىزنىڭ قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مۇخبىرلار پونكىتىدىن ۋاڭ كېشيا، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز جاۋ يېڭ، لى يافېڭ، ۋاڭ يۆلى، چېن چېن يازغان)**